# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

(维文)

1984 - يىل ئاپرېل

17

(سەيشەنبە)

13611 - سان

(بۇ سان 6 بەت)


## 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2 مىليون 630 مىڭ دەن پاختا سېتىۋېلىندى

ئۆز مۇخبىرىمىز شى جيەن خەۋەر قىلىدۇ: ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا - كەندىر سېتىۋېلىشتا مەدەنىيەتلىك سېتىۋېلىش پونكىتى قۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2 مىليون 630 مىڭ دەن پاختا سېتىۋېلىندى، بۇ، ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 230 مىڭ دەن ئارتۇق.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پاختا-كەندىر سېتىۋېلىشتا مەدەنىيەتلىك سېتىۋېلىش پونكىتى قۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى سېتىۋېلىش پونكىتلىرى ئۇدۇللۇق كەلگەن پاختىنى ئۇدۇللۇق سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا زور دەرىجىدە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى ۋە پاختا سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى.

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىكى 3 چوڭ بۆسۈش كىشىلەرگە ئىلھام بەرمەكتە

### ئۆتكەن يىلى تېپىلغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى ئىلگىرىكى 20 يىلدىكىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ بولۇپ، ئۆتكەن يىلى مەملىكەت بويىچە ئېنىقلانغان زاپاسنىڭ خېلى زور نىسبىتىنى ئىگىلىدى

تەھرىر ئىلاۋىسى: شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە يېڭى ۋەزىيەت ياراتقانلىق ئەمەلىيىتى بىزگە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشتە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىش لازىملىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. تېخنىكا كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىمىز ئاجىز ئەھۋالدا، شىنجاڭنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئېلىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تېخىمۇ تايىنىشىمىز لازىم. بىر ئىزدا توختاپ قېلىشنىڭ ئىستىقبالى يوق. نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەجرىبىسى بىزگە ناھايىتى ياخشى ئىلھام.

ئۆز مۇخبىرلىرىمىز لى يەنلىن، يەن گۇاڭگۇاڭلار خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى شاڭ جېنپىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا خىزمىتى يىغىنىدا كۆپچىلىككە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يول ئېچىپ 1983 - يىلى يېڭىدىن تاپقان نېفىت گېئولوگىيىلىك زاپىسىنىڭ 1982 - يىلىدىن ئىلگىرىكى 20 يىلدىكىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆتكەن يىلى ...

... دىرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ مول نېفىت گازى توپلانغان رايون ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ بۆسۈش نېفىتلىك كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، نېفىت زاپىسىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش جەھەتتە بىر تىلسىماتنى ئاچتى. ھازىر بۇ يەردە يىلىغا بىر مىليون توننا نېفىت ئېلىنىدىغان ئاقبۇلاق نېفىتلىكى يېڭىدىن قۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، قاراماي - ئورخۇ رايونىدا تاش كۆمۈر سىستېمىسى يەر قاتلىمى تەتقىقاتىنىڭ يېڭى ساھەسى ئېچىلىپ، بۇ قاتلامنىڭ نېفىت ھاسىل بولۇش قاتلىمى ۋە زاپاس قاتلىمى ...

قۇرۇش ئىدارىسى يەنە قېزىدۇرۇپ نېفىت ئېلىشتەك ئىلغار ھۈنەر - سەنئەتتىن پايدىلىنىپ، تېيىز قاتلامدىكى قويۇق نېفىتنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش بويىچە يەنە خۇشاللىنارلىق نەتىجىگە ئېرىشتى، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ يۇقۇرى قىسمىدىكى يۇرا سىستېمىسى ۋە بور سىستېمىسى يەر قاتلىمىدىن 3 - قاراماي نېفىتلىكىنى تاپقىلى بولىدىغان 3 - بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى - شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يېڭى تېخنىكىنى پائال كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان...

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەنتەنىلىك يىغىن ئۆتكۈزۈپ، قۇرمانباي، جېكىس، مۇرالغا «ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، چارۋا ماللارنى قوغدىغان 3 قەھرىمان» دەپ نام بەردى

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى تۆمۈر داۋامەت يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ئىلھام جاپپار، ئامىنە ئابدۇرىشىتلار خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى خەلق تىياتىرىدا تەنتەنىلىك يىغىن ئۆتكۈزۈپ، گۆچۈڭ ناھىيە لاۋچىتەي گۇڭشې چارۋىچىلىق دۈيىدىكى قازاق چارۋىچى قۇرمانباي، جېكىس، مۇرالغا «ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، چارۋا ماللارنى قوغدىغان 3 قەھرىمان» دەپ نام بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا، «ئاپتونوم رايونى بويىچە يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى تۆمۈر داۋامەت يىغىنغا قاتنىشىپ ھەمدە سۆز قىلدى. ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن بۇ 3 قەھرىماندىن سەمىمىي ھال سورىدى، ئۇلارنىڭ «ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، چارۋا ماللارنى قوغدىغان 3 قەھرىمان» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

ئۇ ئۆز سۆزىدە مۇنداق دېدى: 3 نەپەر كىچىك قەھرىمان ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيە ۋە خەلققە ھەرمىللەت ياشلىرىنىڭ چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيۈش، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى بىلدۈردى. ئۇلار ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپلا قالماستىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ ئۆگىنىش ئۈلگىسى.

تۆمۈر داۋامەت مۇنداق كۆرسەتتى: 3 نەپەر كىچىك قەھرىماننىڭ مەيدانغا كېلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى تۈپتىن ياخشىلاشتا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ 3 كىچىك قەھرىماندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشنى پائال قوللىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىچىك قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىشنى جاڭتيەنشەندىن ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخىمۇ كۆپلىگەن كوممۇنىزمچى قەھرىمانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشى لازىم.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى «ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، چارۋا ماللارنى

نىڭ 9 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئۆزلىرىنىڭ كالا - ئات، ساپان - سۈرەملىرىنى ئىشقا سېلىپ 21 ئائىلىنىڭ 94 مو 5 پۇڭ يېرىنى ھەيدەپ، بۇ يەرلەرگە زىرە، قوناق، كېۋەز تېرىشىپ بەردى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەمەت مەھەت 1 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى مەتتىمىن ئېلى ئىسىملىك تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە قىزغىن ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ 6 مو يېرىنى ھەيدەپ - تۈزلەپ، بۇ يەرگە كېۋەز، قوناق تېرىشىپ بەرگەندىن باشقا، ئۇنىڭ يېرىگە مەقسىز 24 تاغار قىغ تۆكۈپ بەردى.

گۈڭشى پارتىيە كومىتېتى ئاساسىي قاتلام

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى بۆلتۈر دوختۇرخانىدىكى بوۋاق بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىگەندىن تاشقىرى، بوۋاق بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، «تىيانشان» رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاھالىلىرى ۋە بالىلار يەسلىلىرىگە بېرىپ، بوۋاق بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ۋە بالىلارنىڭ ئەقىل ئەقتىدارىنى سىناپ كۆردى.

پېڭ لىجۈن فوتوسى



## گۈڭشى ئەزالىرىنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلدى

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شەنبەبازار گۈڭشىسىنىڭ باشقۇرۇش رايونىدا، گۈڭشى دوختۇرخانىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 4 داۋىي ئاساس قىلىنغان بىرلەشمە داۋالاش پونكىتى قۇرۇلدى.

بۇ داۋالاش پونكىتىدا كېسەل كۆرۈش ئۆيى، دورىخانا، ئوكۇل بۆلۈمى ۋە 17 كارۋاتلىق بالنىستا بار. دورىخانىغا 127 خىلدىن ئارتۇق دورا قويۇلدى.

بۇ پونكىتتىكى 6 نەپەر تىببىي خادىم 2 ئايدەك ۋاقىتتىن بۇيان 1552 نەپەر كېسەلنى داۋالىدى. 69 نەپەر كېسەلنى بالنىستىدا ياتقۇزۇپ داۋالاپ ساقايتتى. ھامىلدار ئاياللاردىن 22 نەپىرىنى سالامەت يەڭگىتتى.

ئۇلار پونكىتنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن 14 ماددىلىق بىرلەشمە داۋالاش نىزامى، 7 ماددىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق نىزامى قاتارلىق قائىدە-تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، ئىزچىللاشتۇردى. كېسەللەرگە خاتىرجەم سەللىمازا ساقايغىچە داۋالىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى. گۈڭشى ئەزالىرى داۋالىنىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنىڭ ھەل بولغانلىقىدىن مىننەتدار بولۇشتى.

مەتتوختى ئىسمايىل

## چالغۇ ئەسۋاپ ئۇستىسى سۇلايمان ساقى


پىچان ناھىيىسىدىكى چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئۇستىسى سۇلايمان ساقى نەپىس چالغۇ ئەسۋاپلىرى ياساش ماھارىتى بىلەن پۈتۈن ناھىيە خەلقىگە تونۇش بولۇپلا قالماي، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە داڭلىق مۇزىكانتلار، سەنئەت ئۆمەكلىرى، خەلق سازەندىلىرى ۋە سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئارىسىدىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە.

سۇلايمان ئاكىنىڭ ئاتىسى ساقى ئاخۇنمۇ ئۆمۈر بويى چالغۇ ئەسۋاپلىرى ياساش بىلەن شۇغۇللانغان ئۇستا ھۈنەرۋەردىن بولغاچقا، سۇلايمان كىچىكىدىن ئاتىسىدىن چالغۇ ئەسۋاپلىرى ياساش كەسپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، ھەرخىل چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى مۇستەقىل ياسىيالايدىغان بولغان.

سۇلايمان ئاكا ھازىر 74 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، تېنى ساغلام، روھى كۆتىرەڭگۈ بولۇپ، چالغۇ ئەسۋاپلىرى ياساشتىن بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىغان.

ئۇ تەمبۇر، دۇتتار، راۋاپ، داپ، ساتار، قالۇن، چاڭ، غىجەك، ئىسكىرىپكا ياسايدۇ. ھازىر ئۇ سازەندىلەرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە كۆپرەك تەمبۇر، دۇتتار، راۋاپ ياساپ كەلمەكتە.

سۇلايمان ئاكا شاگىرت يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. ئۇ: «شاگىرت يېتىشتۈرمىگەن ئۇستا مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ» دەيدۇ. ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان 10 نەچچە شاگىرت يېتىشتۈردى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئوتتۇرا مەكتەپتە سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى، بەزىلىرى سەنئەت ئۆمەكلىرىدە چالغۇچى ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى رېمونت قىلغۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.



سۈرەتتە: سۇلايمان ئاكا ئىش ئۈستىدە.

تۇرسۇن ئىبراھىم، زەينۇللا
خەۋىرى ۋە فوتوسى

## گۈڭشى ئەزالىرىدىن تېخنىك تەربىيىلەنمەكتە

يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىق ئورگانلار ۋە ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ يىل گۈڭشى ئەزالىرى ئىچىدىن بىر تۈركۈم تېخنىك خادىم تەربىيىلەپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، تېخنىك خادىملار تەربىيىلەش سىنىپلىرىدىن 10 نى ئاچتى.

بۇ سىنىپلارغا ئالدى بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلىش، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈپ تاللاۋېلىش يولى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ يېزىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياشلاردىن 400 ى قوبۇل قىلىندى. بۇ 10 سىنىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقتىن ئىبارەت 3 خىل كەسىپكە سىنىپقا ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 2 يىلدىن 3 يىلغىچە قىلىپ بەلگىلىنىپ، 3 - ئايدا رەسمىي دەرس باشلاندى.

تۇرغۇن توختى

## خاڭدى گۈڭشىسىدا يازلىق كىنوخانا سېلىندى

يەكەن ناھىيىسىدىكى خاڭدى گۈڭشىسى ئۆتكەن يىل 7 - ئايدا يازلىق كىنوخانا قۇرۇلۇشىنى باشلىغان ئىدى. ئۇلار بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن دۆلەتتىن بىر تىيىن تەلەپ قىلماي، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆردى. 4096 كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى بۇ كىنوخانا يېقىندا پۈتتى. 4 - ئايدىن باشلاپ بۇ كىنوخانىدا كىنو قويۇلۇشقا باشلاندى.

ئابدۇراخمان
نۇرمەمەت

## ئۈچئون گۈڭشىسىدا ياشلار تەنتەربىيە مەيدانى ياسالدى

غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئۈچئون گۈڭشىسى ئىتتىپاق كومىتېتى، خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ گۈڭشىدىكى ياش ئىشچى - خىزمەتچى، گۈڭشى ئەزالىرى خالىسانە ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق 7992 كۋادرات مېتىرلىق ياشلار تەنتەربىيە مەيدانى ياساپ چىقتى. ئۇنىڭدا ۋالىبول، ۋاسكېتبول، پۇتبول مەيدانى ۋە 400 مېتىرلىق يۈگرەش مەيدانى بار.

ئۈچئون گۈڭشىسى ئەۋەتكەن ياشلار ۋەكىللىرى ئۆتكەن يىل شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ يىل بۇ گۈڭشى ياشلار ئارىسىدا ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بارماقتا.

ئابدىرىشىت مىجىت

## ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى

ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن، بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ 8 ماددىلىق نىزامنامىسى ماقۇللىنىپ، 9 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى.

غالىپجان ئوسمان
ئەسەت سىيىت

## قىسقا خەۋەرلەر

